**Uluslararası Doğu Türkistan STK’lar Birliği**

**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى**

**International Union of The East Turkistan Organizations**

**الاتحاد العالمي لمنظمات تركستان الشرقية**

# يانۋار خىزمەت دوكلاتى

## 6 ـ يانۋار

## كېڭەيتىلگەن ئالىي كېڭەشى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، تۈركىيە ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەر ساھەدىكى ئاممۋى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى، ئۆلىمالار، ئاكادېمىكلار، جامائەت ئەربابلىرىدىن تەركىب تاپقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كېڭەيتىلگەن ئالىي كېڭەشى 2023 ـ يىللىق 1 ـ قېتىملىق يىغىنى 6 ـ يانۋار ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.



## 15 ـ يانۋار

## خىتتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەشۋىقاتىغا قارشى بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 30 دىن ئارتۇق دىنىي ئۆلىما ۋە 55 دىن ئارتۇق ئاممۋى تەشكىلات 15 ـ يانۋار ئىستانبۇلدا خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەشۋىقاتىغا قارشى بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دۇنياغا داڭلىق دىنىي ئۆلىمالار، ئاكادېمىكلار، سىياسەتچىلەر، ژۇرنالىستلار ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ۋەكىللىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى.



## 25 ـ يانۋار ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ "ئوچۇق سۆھبەت" پىروگراممىسىدا

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانى ۋە شەرقى تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام بىرلىكتە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ «ئوچۇق سۆھبەت» پىروگراممىسىدا «ئىسلام دۇنياسى شەرقى تۈركىستاننى بىر پارچىسى دەپ قارامدۇ؟» دېگەن تېمىدا سۆھبەتتە بولدى.



## 31 ـ يانۋار شەرقىي تۈركىستاننىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مەسئۇلى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئىستانبۇلنىڭ بەيكوز ناھىيەسىدە «شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.



